# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرايلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئۇلۇغ ئىش ئۇلۇغ روھنى يارىتىدۇ، ئۇلۇغ روھ ئۇلۇغ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ كۈرىشى ‹يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇش، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇش، دەل جايىدا - ئەمەلىي بولۇش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق›تەك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى تاۋلىدى، شەكىللەندۈردى.» مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش شانلىق مۇساپىسىنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئەسلەپ مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن جەمئىيەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ - خەتەرلەر ئۈستىدىن قەتئىي غالىب كېلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى، تېخىمۇ زور غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك!

قىيىنچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىش ماددىي كۈچ سىنىشىش، شۇنداقلا مەنىۋى تىركىشىش. نامراتلىقتىن ئىبارەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بۇ جاھىل كېسەل ئالدىدا، پارتىيە ۋە خەلق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بوران - چاپقۇن ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىشتەك مۈشكۈل ۋەزىپىنى تاماملاپ، تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان يەنە بىر جاھان مۆجىزىسىنى يارىتىپلا قالماي، بەلكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى تاۋلىدى، شەكىللەندۈردى. بۇ مەيدان داغدۇغىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خەلق ئۇرۇشىدا، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە نەچچە مىليون كادىر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، نامرات ئاممىنى بىلەن ئۇلار ئويلىغاننى تەڭ ئويلىدى، بىللە ئۆتتى، بىللە ئىشلىدى؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كەڭ ئاممىنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى ئۇرغۇتۇپ، بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ تىرىشىپ بەختلىك تۇرمۇش ياراتتى؛ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەر نامرات ئاممىغا كۆيۈنۈپ، نامراتلار سانىنى ئازايتىش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىش، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىشتەك گۈزەل ئەخلاقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى جانلىق نامايان قىلدى. تەيخاڭشەن تېغىنى 35 يىل چىڭ ساقلىغان «يېڭى يۈ گۇڭ» —— لى باۋگو، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە ئۆزىنى بېغىشلاپ، چوڭ تاغدىكى قىزنىڭ ئۈمىدىنى ياندۇرغان جاڭ گۈيمېي، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق «سۇ ئۆتەلمىسە، جېنىمنى تىكىمەن» دېگەن قەسەمنى نەقلەشتۈرگەن خۇاڭ دافا، يۇرتىغا قايتىپ ئۆزىنى بېغىشلاپ، يېڭى دەۋر ياشلىق ناخشىسىنى پۈتكەن خۇاڭ ۋېنشيۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە يۇلتۇز تارتىپ، بارلىقىنى بېغىشلىغان خۇاڭ شىيەن... نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىس - تۈتەكسىز جەڭ مەيدانىدا، سانسىزلىغان كىشى يۈرەك قېنى ۋە تەرىنى تاغ - دەريالارغا، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرگە سەرپ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شەرھلىدى. 1800دىن ئارتۇق يولداشنىڭ ھاياتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇساپىسىدە ئاخىرلاشتى، ئۇلارنىڭ تۆلىگەن بەدىلى ۋە قوشقان تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدۇ، پارتىيە ۋە خەلق ئۇنتۇپ قالمايدۇ! جۇمھۇرىيەت ئۇنتۇپ قالمايدۇ!

ئادەمدە روھ بولمىسا روناق تاپالمايدۇ، دۆلەتتە روھ بولمىسا قۇدرەت تاپالمايدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ كۈرىشىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق ئىرادە، ئورتاق ھەرىكەت بىلەن، جۇڭخۇا مىللىتى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى تاماملاپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. «يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇش، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇش، دەل جايىدا - ئەمەلىي بولۇش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى مېغىزلىق يىغىنچاقلىشى بولۇپ، پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىشتىكى روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كۈچ مەنبەسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خاراكتېرى - ئاساسىي مەقسىتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسى - پەزىلىتى، جۇڭخۇا مىللىتى روھىنىڭ جانلىق كارتىنىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو قىممىتى، جۇڭگو كۈچىنىڭ تولۇق نامايەندىسى بولۇپ، ئۇلۇغ مىللەت روھى ۋە دەۋر روھىنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى.» جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش مۇساپىسىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھى يېڭى مەنىۋى ئابىدە تىكلەپ، جەزمەن يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش، بارلىق خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىشتىكى مۇھىم مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلىنىدۇ.

بارلىق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىشنىڭ نەتىجىسى، بارلىق ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش داۋامىدا ئالغا سىلجىتىشقا توغرا كېلىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك، بۇ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك يۆتكىلىشى. شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش كېرەككى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى، قىيىنلىق دەرىجىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن قېلىشمايدۇ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ساقلاپ تۇرۇپ ئېرىشكىلى، سوۋغا قىلىپ يەتكۈزگىلى بولمايدۇ، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. «يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇش، پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇش، دەل جايىدا - ئەمەلىي بولۇش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق»تەك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھى بىلەن، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي، يىلنى يىلغا ئۇلاپ ئىشلەپ، ئىشنى ئىشقا ئۇلاپ بېجىرگەندىلا، بىز ئاندىن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ گۈزەل يۈرگەمە رەسىمىنى سىزىپ چىقىپ، ئورتاق بېيىش نىشانىغا قاراپ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ شانلىق يېڭى سەھىپىسىنى پۈتەلەيمىز.

كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، بىز ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش تارىخىي ئۇلۇغۋار ئارزۇ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلساقلا، بىز چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئوخشاش مۇشۇنداق تېخىمۇ كۆپ چوڭ ئىش، قىيىن ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردە يېڭى تارىخىي شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

# ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يېڭى تارىخىي سەھىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ياخشى پۈتۈش كېرەك

شىنجاڭ گېزىتى\ئانار بۇلۇت مۇخبىرى **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ ئۈچ «مۇقەررەر تەلىپى»نى چوڭقۇر چۈشىنىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇھىم فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق تونۇپ، ئىدىيەۋى تونۇش، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئومۇمىي تەلەپنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيە نەتىجىلىرى ۋە ئىدىيە ئۇلۇغ كۈچى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ۋە كۈچلۈك يادروسى، پارتىيەنىڭ شانلىق مۇساپىسى ۋە ئۇلۇغ تۆھپىسى، پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتى ۋە ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچى، پارتىيەنىڭ ئىنقىلابىي روھى ۋە ئېسىل ئىستىلى، پارتىيەنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى ۋە سىياسىي ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، يېڭى تارىخىي سەھىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ياخشى پۈتۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئورگان كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «مەن ئاممىغا ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلەر يېتەكلەپ ئۆگىنىش، شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، كوللېكتىپ تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىش، ئورگان باھالاپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەت داۋامىدا تەكشۈرۈپ ئۆگىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە يېڭى دەۋردە تۆھپە يارىتىپ، جاسارەت بىلەن يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش ۋە تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى دەۋردىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەلەپ قىلىندى

# مەڭگۈ كەتمەيدىغان خىزمەت ئەترىتى بەرپا قىلىپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى دەۋردىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يىفېي يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەنت دەرىجىلىك كۈچلەردىن بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى پايدىلىنىپ، مەڭگۈ كەتمەيدىغان خىزمەت ئەترىتى بەرپا قىلىپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يەتتە تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، يەنى: بايراق روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش؛ دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش؛ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىنى مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش؛ شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى سۆزلەش؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش؛ ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇپ، ئاساس سېلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان مۇستەھكەم جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا 2018 - يىلدىن بۇيان كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

# ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى ئۇرغۇتۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، سىياسىي قانۇن كومىتېتى ئورگىنىدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ مىڭشەن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپى بويىچە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈشى، ئەمەلىي ئىش قىلىشى، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋالنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي قانۇن ئىشلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ياخشى پۈتۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە سىياسىي قانۇن خىزمىتى ئەمەلىيىتىنى چىڭ كۆزلەپ، ئۇنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى بىلەن ئورگانىك يۇغۇرۇپ، مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش، مەخسۇس تېمىدا تەربىيەلەشكە تەشكىللەش، «مەن ئاممىغا ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق بەش تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، سىياسىي قانۇن كومىتېتى ئورگىنىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى ۋە مەركەز دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى چىڭىتىشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيەلەش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش - مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى دائىملىق قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، بىلىش، ئەمەلىي ئىشلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە باشتىن - ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشى، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىشكە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتى كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى شىنجاڭنىڭ كادىرلار تەربىيەسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك؛ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلىشىمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىش، دىنلارنىڭ ئېجىل - ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك.

بەشىنچىدىن، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي بايراقنى كۆتۈرۈپ، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئوبرازنى نامايان قىلىپ، ئىدېئولوگىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت - ماكانىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى زورايتىپ، ئېچىۋېتىشنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى، ئادەم يادرو قىلىنغان يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنى يۇغۇرما تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يولغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، تاشقى تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇش، سىجىل ياخشى مۇھىت يارىتىشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. شەكىل، ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلام، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق شەكىلدە ياخشى سۆزلەپ، شىنجاڭدىكى جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتنى، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشنى مەردانىلىك بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن مەدەت بېرىش، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر ئائىلە دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىش ۋە مۇقىملىقنى قوغداپ، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىپ، ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

توققۇزىنچىدىن، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى پۇختىلاشقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەش كېرەك. پارتىيەنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك بەنزىسى، كادىرلار قوشۇنى ۋە پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.